# ياق، بولمايدۇ، بۇ دېگەن تومۇردىن بولغان كېسەللىك، لېكىن سىز ھەر ئايدا ئۆزىڭىزنىڭ ھەيز كۆرۈدىغان كۈنلىرىڭىزنىڭ مىقداردىدا ناماز ئوقۇمايسىز، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇنۇپ قالغان كۈنلەردە ناماز ئوقۇيسىز»دېدى

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پاتىمە بىنتى ھۇبەيش پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق سورىغان: مەن خۇن كېسلى پاك بولمايمەن، ناماز ئوقۇمىسام بولامدۇ؟، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام:« ياق، بولمايدۇ، بۇ دېگەن تومۇردىن بولغان كېسەللىك، لېكىن سىز ھەر ئايدا ئۆزىڭىزنىڭ ھەيز كۆرۈدىغان كۈنلىرىڭىزنىڭ مىقداردىدا ناماز ئوقۇمايسىز، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇنۇپ قالغان كۈنلەردە ناماز ئوقۇيسىز»دېدى.
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پاتىمە بىنتى ھۇبەيش پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن سوئال سوراپ مۇنداق دېدى : مەندىن قان ئۈزۈلمەيدۇ، ھەتتا ھەيز كۆرمەيدىغان كۈنلەردىمۇ قان كېلىدۇ، بۇ قانمۇ ھەيزنىڭ ھۆكمىدە بولامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا نامازنى تەرك قىلىمەنمۇ؟. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «بۇ خۇن كېسىلىدىن كەلگەن قان، ئۇ بالىياتقۇدىكى تومۇر ئۈزۈلگەنلىكتىن پەيدا بولغان بۇزۇق قان، ھەيزنىڭ قىنى ئەمەس، ئايلىق ئادىتىڭ بويىنچە خۇن كېسلى بولۇشتىن ئىلگىرىكى ھەيز كۆرۈدىغان كۈنلەر كەلگەندە، نامازنى، روزىنى ۋە ھەيزدار ئايال ھەيزلىك ھالىتىدە قىلىش چەكلەنگەن ئىشلارنى تەرك قىلغىن. ئايلىق ھەيز كۆرىدىغان ۋاقتىڭ ئاخىرلاشقاندا، ھەيزدىن پاك بولغان بولسەن، ھەيز كەلگەندە قاننىڭ ئورنىنى يۇغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ تەھارەتسىزلىكنى يوق قىلىش ئۈچۈن تولۇق يۇيۇنۇپ پۈتۈن بەدىنىڭنى يۇغىن، ئۇنىڭدىن كېيىن ناماز ئوقۇغىن.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/3029